جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

ـــ سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا بېرىلگەن

(2020 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى)

ۋاڭ ياڭ

ئەزالار:

مەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 2 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

1. 2019 ـ يىلى: 70 يىلغا تولغان قۇتلۇق يىلىمىزدا ئەسلى مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، بۇرچنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق

2019 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ۋە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش ئىلگىرى سۈرۈش ۋە «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشنى زىچ چۆرىدەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنىش ۋە ئۈچ چوڭ جەڭنى ئوبدان قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى نىشانلاپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك فۇنكسىيەلەرنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىگە قويغان تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەققىي ئۈستىگە ئېلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى، بۇ يىغىننىڭ چاقىرىلىشى پارتىيەمىز تارىخىدىمۇ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخىدىمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 70 يىللىق تارىخىي تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى بۇرچ ـ ۋەزىپىلىرى، تۈپ تەلىپى، كۈچەش نۇقتىسى توغرىسىدا مۇپەسسەل بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بىلەن دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دېگەن «نېمە»، ئۇ «نېمە ئىش قىلىدۇ»، «ئىشنى قانداق قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى.

ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلەردە، يېقىنقى مەزگىلدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، دائىمىي كومىتېت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە يېڭى تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەپ، ئاساسلىقى مۇنداق تۆت تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلىدى.

بىرىنچى، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇردۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، خىزمەت جەريانىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىغا ئايلاندۇردۇق. مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، رەئىسلەر يىغىنىدا كوللېكتىپ ئۆگىنىش، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئۆگىنىش، مەخسۇس كومىتېتلار يىغىنىدا ھەممەيلەن ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇردۇق، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ۋە يەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە كۇرسىنى ئۇيۇشتۇردۇق، نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرگە قارىتا مەخسۇس تېما بويىچە لېكسىيە سۆزلەشنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشقا بولغان تونۇشنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتىكى ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتۇق. يىغىننىڭ تەلىپىنى نىشان قىلىپ، يىغىن ھۆججەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۈستىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك 65 تۈرلۈك ۋەزىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، پىكىر ـ تەدبىرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئون جەھەتتىكى خىزمەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدۇق.

ئىككىنچى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىدۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئەزالارنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە دائىر خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەشكە تەشكىللىدۇق، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «مەن ۋە بىزنىڭ سىياسىي كېڭەش» ئاساسىي تېما قىلىنغان خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى بۇ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ئاساسلىق رول ئويناپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغان چاغدىكى ئەسلى مەقسەت ئاساسىدا ئىرادىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇستەھكەملىدى. ئون قارار ئەزالار دەرسخانىسى ئالاھىدە پروگراممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىشقا دائىر ھېكايىلەرنى سۆزلىدۇق، ئەسلى مەقسەت ـ بۇرچنى ھېس قىلدۇرۇش تېمىسى بويىچە 132 تۈركۈم ئېكسكۇرسىيە ـ تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق، بۇنىڭغا 2149 نەپەر ئەزا قاتناشتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى تەسىر كۈچىگە ئىگە 100 پارچە مۇھىم تەكلىپنى باھالاپ تەقدىرلىدۇق، 1000 پارچىدىن ئارتۇق ئاساسىي تېمىلىق ناخشا مۇزىكىسى ۋە ناخشا تېكىستى ئەسىرىنى توپلىدۇق، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر مىنۇتلۇق قىسقا سىن ئىشلەپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش، ئىش قىلىش روھى ۋە ئىرادىسىنى نامايان قىلىشقا تەشكىللىدۇق، «ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچ» قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى فىلىملەرنى ئىشلىدۇق، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ، «مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا ئىش ـــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت گېربىنىڭ دۇنياغا كېلىشى»، «خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى ئىشلار خاتىرىسى» قاتارلىق رەسىملىك كىتابلارنى نەشر قىلدۇردۇق، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ شانلىق مۇساپىسى كۆرگەزمىسى قاتارلىق تېمىلاردا كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇردۇق، بۇ ئارقىلىق تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەسلەپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ئۇرغۇتتۇق.

ئۈچىنچى، قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشكە تۈرتكە بولۇشتا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە تەستىقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشكە سۇپا تەييارلاپ، مېخانىزم بەرپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورگانىك يۇغۇرۇلۇشى، بىر ـ بىرىنى قۇۋۋەتلىشى ۋە بىر ـ بىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىك ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەگە سىڭدۈرۈلگەن سىردىشىش، سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەردە چىڭ تۇردۇق، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكى ئەزالاردىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 316 ئادەم قېتىم پىكىر ئالدى. سەيخانبا روھىنى ئۆگىنىش، سەنشيا قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى قاتارلىق مەخسۇس تېما بويىچە پارتىيە سىرتىدىكى ئەزالارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە 11 قېتىم تەشكىللىدۇق، نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئون قېتىم ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئاچتۇق، 16 قارار ئەزالار دەرسخانىسى ئۇيۇشتۇردۇق، مۇھىم، مەخسۇس خىزمەتلەر ئۈستىدە 26 مەيدان ئەزالار لېكسىيەسى تەشكىللىدۇق، ئىككى قېتىم مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئورگىنىنى ئاممىغا ئېچىۋېتىش كۈنى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى يېتەكلەش، ئەزالار ئۆز ساھەسىدىكى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەندۇق. سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپ سۇنۇش، چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىش، يىغىندا كېڭىشىش قاتارلىق ئەقىل كۆرسىتىش ئىشلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردۇق، سىياسىي كېڭەش مەخسۇس خەۋەرلىرى، كۈندىلىك جەمئىيەت ئەھۋالى، مەخسۇس تېمىلىق مۇھىم ئىشلار تېز خەۋەرلىرى، ئەرزىيەت ئۇچۇرلىرى قاتارلىق ۋاستىلەرنى تەسىس قىلىپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار ئىنكاس قىلغان ئەھۋال ۋە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا يوللاپ تۇردۇق، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىش يۈكسەك ئېتىبارغا ئېلىندى، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش ئەجايىب نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

تۆتىنچى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە پائال ئاتلاندۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ئورۇنلار ۋە كەڭ ئەزالارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدۇق. ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش كۆچمە سۇپىسى، كىچىك دائىرىدە كېڭىشىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش، تەكلىپ بېرىش، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە ئەل رايىغا دائىر ئۇچۇرلارنى ئىنكاس قىلىش قاتارلىق رولىنى جارى قىلدۇردۇق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىجتىمائىي كۆزلىمنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار جەھەتتە ئاكتىپلىق بىلەن ئەقىل كۆرسەتتۇق، ئەھۋال ئىنكاس قىلىنغان 1300دىن ئارتۇق ماتېرىيال، پىكىر ۋە تەكلىپ يوللاندى؛ ياۋايى ھايۋانلارنى كەلسە ـ كەلمەس يەيدىغان ناچار ئادەتنى تۈگىتىش تېما قىلىنغان قوش ھەپتىلىك كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى چاقىردۇق، «ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، بىر نىيەتتە يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش» تېمىسى بويىچە ئۈچ قارار ئەزالار دەرسخانىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر بېرىشنى كۈچەيتتۇق؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىغا يېتىشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئالاقىدار تۈزۈلمە مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ، ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش كۆچمە سۇپىسىغا تايىنىپ مەخسۇس تۈر بويىچە سوئال قويۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئورتاق تونۇشنى، كۆپچىلىكنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۇجەسسەملىدۇق، ئەزالارنىڭ قاتنىشىش نىسبىتى 85.6%كە يەتتى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ساھەسىدىكى ئەزالىرى تەشەببۇسنامە ئېلان قىلدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە قاتناشقان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئۆز خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇش، پەن تەتقىقات ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش، پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش، كەيپىياتنى ياخشىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرگە پائال قاتنىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دائىمىي كومىتېت مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، فۇنكسىيەسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈردى.

(1) نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلىدۇق. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش پارتگورۇپپىسى ئەزالىرى باشچىلىق قىلىدىغان ئۆگىنىش گورۇپپىسىدىن 11نى قۇرۇپ، پىلان ۋە مەخسۇس تېما بويىچە 45 قېتىم ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردۇق. پارتگورۇپپا نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گورۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشى يېتەكچى قىلىنغان ئۆگىنىش تۈزۈمى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ دائىملىشىشى ۋە مېخانىزملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن بىر يىلدا 79 مەيدان قېتىم ھەر خىل ئۆگىنىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردۇق، 15 مىڭ ئادەم قېتىم تەربىيەلىدۇق. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى ۋە بىرلىك سەپ تارىخى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كېڭىشىش ـ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلىدىغان سىياسىي ئەۋزەللىك ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشنى ھەققىي كۈچەيتىپ، ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملىدۇق.

(2) كېڭىشىش شەكلىنى بېيىتىپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىمىزنى جارى قىلدۇردۇق. پۈتۈن بىر يىلدا 71 قېتىم كېڭىشىش يىغىنى چاقىردۇق، 97 تۈر بويىچە كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى قانات يايدۇردۇق. ئومۇمىي يىغىن مەزگىلىدە تۇنجى قېتىم ساھەلەر بويىچە كېڭىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدۇق، يىراق مۇساپىلىك كېڭىشىش يىغىنىنى مېخانىزملىق ئورۇنلاشتۇردۇق، نوپۇس، بايلىق، مۇھىت، تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار خىزمىتى ئۈستىدە كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى، خەلقئارا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش يىغىنى قاتارلىق سىستېمىلار بويىچە كېڭىشىدىغان كۆرسلۇق يىغىن شەكىللىرىنى ياراتتۇق. قوش ھەپتىلىك كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق كېڭىشىش پائالىيەتلىرىدە مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئورتاق مەسلىھەتلىشىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەزالارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئىنكاس قىلىشى بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مۇجمەللىكلەرنى يېشىشنى ياخشى ھەمتۈرتكە قىلىش، دېموكراتىك كەيپىيات بىلەن كېڭىشىش ئۈنۈمىنى جانلىق بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش كۆچمە سۇپىسىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىي تېمىسىدىكى توپتىن 48 نى قۇرۇپ، كېڭىشىشنى يىغىن مەيدانىدىن تورغا ئېلىپ كىرىپ، ئەزالارنىڭ قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشنىڭ قولايلىقنى ئاشۇرۇپ، زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان كېڭىشىش سۇپىسىنى بەرپا قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتتۇق، ئالاقىدار تەرەپلەر سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىش سۇپىسىنىڭ رولىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئەزالارنىڭ پىكىر، تەنقىد ۋە تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، سىياسەت تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈردى، كېڭىشىش نەتىجىلىرى ئۈنۈملۈك ئايلاندۇرۇپ تەتبىقلاندى.

(3) يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى مەھكەم ئىگىلەش ئاساسىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسەتتۇق. ياسىمچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش تېمىسىدا مەخسۇس مۇھاكىمە خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى چاقىرىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش، سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياسىمچىلىق كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇش ئىشىنى پايدىلانما بىلەن تەمىن ئەتتۇق. سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش يىغىنى ئېچىپ، 100گە يېقىن ئاكادېمىك ئەزانى يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىدۇق، ئۈل تەتقىقاتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئۈستىدە ساھەلەر بويىچە كېڭىشىشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ـ ئۇزاق مەزگىللىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشكە كۈچ قوشتۇق. يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل كەسپى، بۈيۈك مەلۇمات كەسپى، دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەمبەھىرلىك ئىقتىسادىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى قاتارلىقلار ئۈستىدە كېڭىشىش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، يېڭى قۇۋۋەت بىلەن كونا قۇۋۋەتنىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. جۇڭگو ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت مۇنبىرى، ماكرو ئىگىلىك ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، زور خېيىم ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش شۇنىڭدەك جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىگە تاقابىل تۇرۇش، پۇل مۇئامىلە ئېكولوگىيەسىنى ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكلىپ بەردۇق. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش ئوتتۇرا لىنىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش، خۋاڭخې دەرياسى ئېكولوگىيە بەلبېغى قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق نۇقتىلىق تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردۇق، ئورمانغا ئەھمىيەت بېرىش پائالىيىتىگە سىجىل قاتنىشىپ، شىمالىي جۇڭگودا يەر ئاستى سۈيىنى زىيادە تارتىش مەسىلىسىنى تۈزەش ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە ئىز قوغلاپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى مېخانىزمى بەرپا قىلىش، دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سىناق رايونى قۇرۇلۇشى، ئاق بۇلغىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، سىچۇەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى، ئوتلاقنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كېڭىشىش پائالىيەتلىرىنى ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇردۇق، مۇھىم تەكلىپلەر قوبۇل قىلىندى.

(4) خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خەلقنى كۆزلەيدۇ دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا كۈچىدۇق. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشنى نىشانلاپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىقلار ئۈستىدە كېڭىشىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، نامرات ئائىلىنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى ئازايتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا مەركەزلىك ئەقىل كۆرسەتتۇق، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىپ سىگنال بېرىش ۋە جىددىي پاناھلاندۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەكلىپ ئېتىبارغا ئېلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)